# ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقماسلىق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقماسلىق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش
[بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى سەھىھ] [ئابدۇرەززاق"مۇسەننىپ ئابدۇرەززاق"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزگە چوڭ گۇناھلاردىن دەپ قارىلىدىغان بىر قانچە گۇناھنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالاغا ئىلاھلىق ۋە پەرۋەردىگارلىقتا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈش، بۇنى بىرىنچى قېتىمدا كەلتۈرىشى گۇناھنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقتىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش ئاللاھ تائالاغا قارىتا يامان گۇمان قىلغانلىق ۋە كەڭ رەھمىتىگە كۆز يۇمغانلىقتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئۇ كەلگەنگە قەدەر قورقماسلىق، ئىنساننىڭ چوڭ غەپلەتتە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھەدىستە چوڭ گۇناھلارنى تۆرتكە يىغىپ خۇلاسىلەش ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىنى بايان قىلىشتۇر، ھەقىقەتتە چوڭ گۇناھ تۆرتگە كىرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارمۇ بار

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6049